## كىچىك دوست

# دېلو پاش قىلالامسىز

(1)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ISBN 978-7-5373-0987-5
9 787537 309875 >
ISBN978-7-5373-0987-5
（民文）定价：6.00 元

# كىچىك دوست، دېلو پاش قىلالامسىز

## (1)

تۈزگۈچى: سۇي يامىن
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلاجان سىيىت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

同思考破疑案:维吾尔文/崔亚敏编;阿布拉江·色依提译. —2版. —喀什:喀什维吾尔文出版社,2008.9
ISBN 978—7—5373—0987—5

Ⅰ.同… Ⅱ.①崔…②阿… Ⅲ.儿童文学—故事—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18....

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 149033 号

责任编辑:阿布热合曼·阿布都热依木
责任校对:拜合提亚尔·阿布力米提

同思考破疑案
崔亚敏编
阿布拉江·色依提译

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本 3 张
2002 年 5 月第 1 版
2008 年 9 月第 2 版 2008 年 9 月第 1 次印刷
印数:3070—6150 定价:6.00 元

---

如有质量问题,请于我社联系 电话:0998—2653927

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاب بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا باب كېلىدىغان قىسقا-قىسقا رازۋېدكا ھېكايىلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئادەتتىكى رازۋېدكا ھېكايىلىرىدا دېلونىڭ پۈتكۈل پاش قىلىنىش جەريانى سۆزلىنىدۇ، ئەمما بۇ كىتابتا دېلو ئەھۋالى ئىخ-چام بايان قىلىنىپ، دېلونىڭ يەشمىسى بالىلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ ھۆكۈم قىلىشىغا قالدۇرۇلدى.

بۇ كىتابقا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە دائىر ئاجايىپ-غارايىپ، سىرلىق ۋە قىزىقارلىق دېلولار كىرگۈزۈلدى، ھەربىر دېلوغا بىر پارچە رەسىم بېرىلدى. تېكىستتىكى ھەربىر سۆز ۋە ھەربىر جۈملە، رەسىمدىكى ھەربىر سىزىق ۋە ھەربىر تەپسىلات شۇ دېلونى پاش قىلىشتىكى يىپ ئۇچى قىلىندى. ئەگەر دېلونى پاش قىلالمىسىڭىز، كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى جاۋابقا قارىسىڭىز بولىدۇ.

بۇ كىتابنى ئوقۇغان بالىلارنىڭ تەپەككۇرى ئېچىلىپ، بىلىمى ئېشىپلا قالماستىن، بەلكى كۆزىتىش ماھارىتى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى، تەھلىل يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىقى كۈچىيىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


ئەپچىل چارە ........................ 1
تونىلدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈش ........................ 3
بېلىق يالغان سۆزلىمەيدۇ ........................ 5
كىيىم مودېلى بولۇۋالغان قاچقۇن جىنايەتچى ........................ 8
گۇمانلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش دېلوسى ........................ 10
قەلئەگە يەم بىلەن كىرىش ........................ 12
ماي بوياق رەسىمنىڭ بۇلاپ كېتىلىشى ........................ 14
ئوت ئاپىتىنىڭ سىرى ........................ 17
ئېرىپ كەتكەن شاكىلات ........................ 19
ئۇستىلىق بىلەن سۇنۇپ بېرىش ........................ 22
رەڭدىن چاندۇرۇپ قويۇش ........................ 24
يوقالغان ئاخبارات ........................ 26
نامسىز ئوغرى ........................ 28
تۇياق ئىزىغا قاراپ دېلوغا ھۆكۈم قىلىش ........................ 30
ئەجەبلىنەرلىك پارتلاش دېلوسى ........................ 32
پروفېسسورنىڭ ئۆلۈمى ........................ 34
ئاسماندىكى ئوغرى ........................ 36
تۇتۇپ كەتكۈچى كىم ........................ 39
رەسىمگە قاراپ جاسۇس تۇتۇش ........................ 41
دېرىزىنىڭ سىرتقى ئەينىكىدىكى قېلىن مۇز ........................ 43

ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئۆلۈمى ........................ 45

5000 يارماق كىمنىڭ ........................ 47

زەھەرلىك كوكاكولا ........................ 50

بارماق ئىزى يوق ئوغرى ........................ 52

ئايروپىلاندىكى قاتىل ........................ 54

غەلىتە تاسادىپىيلىق ........................ 56

قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش سىگنالى — SOS ... 58

ئاق مايكىنىڭ سىرى ........................ 61

قاتىل كۈنلۈك ........................ 63

ئاجايىپ ئىت ........................ 65

بالىنىڭ ئۆز ئانىسى كىم ........................ 68

يامغۇرلۇق كېچىدىكى قاتىللىق ........................ 70

زېرەك خىزمەتچى ........................ 72

مىراسخور كىم ........................ 74

قاشتېشى بۇتىنىڭ ئوغرىلىنىشى ........................ 76

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# ئەپچىل چارە

H دۆلەتنىڭ بىر جاسۇسى W دۆلەتتىن ئاخبارات توپلاش ئۈچۈن مۇخبىر سىياقىدا ياسىنىپ، W دۆلەت ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق دىپلوماتىيە زىياپىتىگە قاتناشتى. ئۇ چاقماق چىراغلىق فوتو ئاپپاراتنى مۇرىسىگە ئېلىپ، ساختا مۇخبىرلىق كىنىشكىسىدىن پايدىلىنىپ مېھمانلار ئارىسىدىكى مۇھىم ئەربابلارنى بىر- بىرلەپ رەسىمگە تارتىشقا كىرىشتى.

ئۇ رەسىمگە تارتىش بىلەن ئالدىراش يۈرگەندە، ئۇنىڭ سالاھىيىتىدىن گۇمانلىنىپ قالغان بىر قوغداش خادىمى ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ: «ئەپەندىم، كىنىشكىڭىزنى كۆرۈپ باقاي» دېدى. كىنىشكا قوغداش خادىمىنىڭ تەكشۈرۈشىگە بېرىلدى. قوغداش خادىمى بىردىنلا: «كىنىشكىڭىز يالغانكەن، سىز زادى نېمە ئادەم؟» دەپلا، يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقاردى. H دۆلەتنىڭ جاسۇسى ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، غىپپىدە تىكىۋەتمەكچى بولدى. لېكىن، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قاچىدىغان بولسا، قوغداش خادىمى ئۇنى ئېتىپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. قانداق قىلغاندا قوغداش خادىمىنىڭ ھەرىكىتىنى بىردەم بولسىمۇ ئاستىلىتىپ، قېچىپ كېتىشكە پۇرسەت

يارانقىلى بولىدۇ؟

جاسۇس شۇ ئارىلىقتا بىر ئەقىل تېپىپ قېچىپ قۇ-تۇلدى.

ئۇنىڭ نېمە ئەقىل تاپقانلىقىنى بىلەمسىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# تونېلدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈش

بىر كۈنى ئاخشىمى ئوغرى خېيسەن ئۈنچە - مەرۋايىت
قاچىلىنىپ ئامباردا توختىتىپ قويۇلغان ساندۇقسىمان
كوزۇپلۇق يۈك ئاپتوموبىلىنى ئوغرىلاپ، شەھەر رايون-
دىن ئىنسۈجىنغا تۈيدۈرماي ئۆتۈپ، غەربىي تاغ تەرەپكە
ھەيدەپ قاچتى.

ئاپتوموبىل تونېلنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختاپ قال-
دى. خېيسەن كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، كوزۇپنىڭ
تۆپە تەرەپ ئىككى بۇرجىكىنىڭ تونېلنىڭ ئەگمە ئېغىزىغا
تاقىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئەگەر كوزۇپ بىر سانتى-
مېتىرچە پەس بولغان بولسا ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى، قان-
داق قىلىش كېرەك؟ قولغا چۈشەيلا دەپ قالغان ئۈنچە -
مەرۋايىتتىن قۇرۇق قېلىشنى ئويلاپ تاقەتسىزلەنگەن خېي-
سەن توساتتىن بىر ئەقىل تېپىپ، ئاپتوموبىلنى تونېلدىن
ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزدى.

ئەقىللىق كىچىك دوست، خېيسەن قانداق چارە -
تەدبىر قوللاندى؟ ئەقلىڭىزنى ئىشلەتسىڭىزلا جاۋاب تاپالاي-
سىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىلىق يالغان سۆزلىمەيدۇ

تۇكۇرۇك يەرگە مۇز بولۇپ چۈشىدىغان قىش كۈنلى-رىنىڭ بىر كېچىسى، G شىركىتىنىڭ ئارخىپخانىسىدىن بىر مەخپىي ھۆججەت ئوغرىلاپ كېتىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە رازۋېدكا باشلىقى ئوتتو نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، دېلونى شىر-كەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەر سادىر قىلغان، دەپ جەزم-لەشتۈردى. ئېنىقلاش نەتىجىسىدە ئىشخانا كاتىپى ئاننا ئەڭ گۇمانلىق كىشى بولۇپ چىقتى. بۇ كۈنى ئاننا ئىشقا كەلمىگەچكە، رازۋېدكا باشلىقى ئوتتو ئۇنىڭ ئۆيىگە بې-رىشقا مەجبۇر بولدى.

رازۋېدكا باشلىقى ئوتتو ئاننانىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئاننا بېلىقدانىدىكى ئىسسىق بەلۋاغ بېلىقلىرىغا يەم بېرىۋا-تاتتى. ئوتتو ئانناغا قاراپ:

— شىركىتىڭلارنىڭ مۇھىم بىر ھۆججىتى يوقاپ كېتىپتۇ، بۇ دېلونى تەكشۈرۈشنى مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. سىز ماڭا تۈنۈگۈن كەچ سائەت 10 — 12 گىچە نېمە ئىش قىلغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ — دېدى.

— تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 4 ئەتراپىدا بەدى-نىمنى تىترەك بېسىپ بەك بىئارام بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن

رۇخسەت سوراپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئارام ئالدىم. دورا ئىچكەندىن كېيىن ئىسسىنماقچى بولۇپ توكلۇق پارنى ماڭدۇرسام، ئۆيۈمنىڭ بىخەتەرلىك سىمى كۆيۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۆيۈمدە بىخەتەرلىك سىمى يوق ئىدى، شۇڭا يوتقانغا چۈمكىنىپ كىچىچە ئۇخلاپ چىقتىم. تېخى بايىلا بىخەتەرلىك سىمىنى سېتىۋېلىپ كېلىپ ئالماشتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى ئانىنا.

رازۋېدكا باشلىقى ئوتتو بېلىقدانىنىڭ قېشىغا كېلىپ، توكلۇق ئىسسىتقۇچنىڭ بېلىقداندىكى سۇنى ئىسسىتىۋاتقانلىقىنى، پىلتىڭلاپ ئۇياقتىن بۇياققا ئۈزۈپ يۈرگەن ئىسسىق بەلۋاغ بېلىقلىرىنىڭ يەمنى تالىشىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئانىنا خانقىز، يالغان ئېيتتىڭىز، لېكىن بېلىقلىرىڭىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. ھۆججەتنى تاپشۇرسىڭىز بولارمىكىن! — دېدى.

بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## تېپىپ بېقىڭ

1. بىر تۇخۇمنى پىشۇرۇش ئۈچۈن 3 مىنۇت ۋاقىت كەتسە، 8 تۇخۇمنى پىشۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

2. بىر سوئال بار، ناۋادا سىز باشقىلاردىن بۇ سوئالنى سورىسىڭىز، جاۋاب بېرەلىگەنلىكى كىشى «ياق» دەيدۇ. ئۇنىڭ نېمە سوئال ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىيىم مودېلى بولۇۋالغان قاچقۇن جىنايەتچى

ساقچى باشلىقى ساقچىلارنى ئەگەشتۇرۇپ كوچىلارنى چارلاۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بىرەيلەننىڭ: «بۇلاڭچىنى تۇتۇڭ-لار! بۇلاڭچىنى تۇتۇڭلار!» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلان-دى. ساقچىلار ئاۋاز چىققان جايغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىر مۆتىۋەر ئايالنىڭ ئالماس بۇلاپكىسىنىڭ بۇلانغانلىقىنى ئۇقتى. ساقچى باشلىقى ساقچىلارنى بىرنەچچە يولغا بۆلۈ-نۈپ جىنايەتچىنى قوغلاشقا بۇيرۇدى. ساقچىلار جىنايەتچى-نى قوغلاپ بىرقانچە كوچىدىن ئۆتتى، جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ كېتىۋاتقان جىنايەتچىنىڭ يولىنى بىر دەريا توسۇ-ۋالدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ساقچىلار قاپساپ كەل-دى، ئامالسىز قالغان جىنايەتچى يەر ئاستى كىيىم - كېچەك كۆرگەزمىخانىسىغا كىرىۋالدى.

ساقچى باشلىقى ساقچىلارنىڭ بىر قىسمىنى بارلىق چىقىش ئېغىزلىرىنى قامال قىلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن قال-غان ساقچىلارنى باشلاپ كىيىم - كېچەك كۆرگەزمىخانى-سىغا كىرىپ، ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقانلارنى بىر يەرگە يىغدى، بىردەمدىن كېيىن كۆرگەزمىخانا زالىدا خۇددى تىرىكتەك كۆرۈنىدىغان كىيىم مودېللىرىلا قالدى. ساقچى-

لار ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقانلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ بىرمۇ گۇمانلىق ئادەمنى بايقىمىدى. ساقچى باشلىقى كېيىم مودېللىرىغا قاراپ تۇرۇپ: «كىيىم مودېللىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈڭلار، جىنايەتچى كىيىم مودېللىرى ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ!» دەپ ۋارقىرىدى.

ساقچىلار كىيىم مودېللىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ساقچى باشلىقى يەنە بىرنىمە دەپ توۋلىۋىدى، كىيىم مودېللىرىدىن بىرسى قولىنى كۆتۈرۈپ يۈزىنى سۈرتتى، ساقچىلار يۈگۈرۈپ كېلىپ كىيىم مودېلى بولۇۋالغان بۇ جىنايەتچىنى تۇتۇۋالدى.

ساقچى باشلىقىنىڭ نېمە دەپ توۋلىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟



# گۇمانلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېلوسى

بىر كۈنى ساقچى باشلىقى سۇڭ بىر ئېلەننىڭ ئۆيدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ياردەمچىسى-نى ئەگەشتۈرۈپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى.

ئۆلگۈچى يۇڭ ئەدىيال يېپىنغان ھالەتتە كارىۋاتتا ياتاتتى، ئۇنىڭ بېشىغا بىر پاي ئوق تەگكەن بولۇپ، ئىش-لىتىلگەن تاپانچا يەردە تۇراتتى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە قويۇپ قويۇلغان بىر پارچە خەتتە: «پۇلۇمنى ئۇتتۇرۇۋې-تىپ گەدەنگىچە قەرزگە بوغۇلدۇم، ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىدى...» دەپ يېزىلغانىدى.

ياردەمچى نەق مەيداننى كۆزىتىپ ھېچقانداق گۇمانلىق ئالامەتنى بايقىمىدى بولغاي:

— قارىغاندا، بۇ ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ، — دېدى.

ساقچى باشلىقى سۇڭ ئۇدىمەستىن كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان يۇڭ ئەدىيال-نى قايرىپ بىر قاراپلا:

— ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئەمەس، — دېدى.

ياردەمچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدى. ساقچى

باشلىقى سۇڭ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈۋىدى، ئۇ ئىش-
نىڭ تېگىگە يەتتى.
ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار قاتىلنى تۇتتى.
ساقچى باشلىقى سۇڭ نېمىگە ئاساسەن ئۆلگۈچى تۇرۇن-
نى ئۆلتۈرۈۋالمىغان دەپ ھۆكۈم قىلدى؟



# قەلئەگە پەم بىلەن كىرىش

بىر قەدىمىي قەلئەدە قاتىللىق دېلوسى يۈز بەردى، قەلئە خوجايىنى ئىشىك باقارغا ساقچىلار كەلگۈچە ھېچ-كىمنى قەلئەگە كىرگۈزمەسلىك ۋە قەلئەدىن چىقارماس-لىقنى تاپىلىدى. ئىشىك باقار مەسئۇلىيەتچان ئادەم بول-غاچقا، كىرىدىغان - چىقىدىغانلارنى توسۇش ئۈچۈن ھەر 10 مىنۇتتا بىر قېتىم قەلئەدىن چىقىپ ئەتراپنى چارلاپ تۇردى.

جېمىسنىڭ قەلئەگە كىرىپ دوستى بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەت قىلىدىغان مۇھىم ئىشى بار ئىدى، لېكىن ئى-شىك باقار ئۇنى كىرگۈزمەيتتى، قانداق قىلغاندا ئىشىك باقارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قەلئەگە كىرگىلى بولىدۇ؟ جېمىس بىر پەم ئىشلىتىپ قەلئەگە ئوڭۇشلۇق كىرىپ كەتتى.

جېمىسنىڭ قانداق پەم ئىشلەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟




www.uyghurkitap.com

# ماي بوياق رەسىمنىڭ بۇلاپ كېتىلىشى

ھايانكەش سودىگەر بىر تاسادىپىي ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزى ساقلاۋاتقان نۇرغۇن قىممەتلىك ماي بوياق رەسىملەرنى يۇقىرى سوممىدا سۇغۇرتىغا قاتناشتۇردى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىر سۇغۇرتا شىركىتىگە كېلىپ، ئۆيىدىكى بارلىق ماي بوياق رەسىملەرنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە ساقچى تەرەپ يېزىپ بەرگەن ئىسپاتنى كۆرسىتىپ، تۆلەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

بېرىلىدىغان تۆلەم پۇلى بەك كۆپ بولغاچقا، سۇغۇرتا شىركىتى بۇندىن گۇمانلىنىپ، نامى چىققان رازۋېدكىچى خېسنى ئەھۋالنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. خېس ياردەمچىسىنى ئەگەشتۇرۇپ بۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بۇندىن بۇلاڭچىلىقنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ مىس قوڭغۇراقنى چالدى، شۇئان ئۆيگە بىر چاكار كىردى، بۇ چاكارنى بولغان ئىشنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن سۆزلەپ بېرىشكە بۇيرۇۋىدى، چاكار سۆزلەپلا كەتتى:

— شۇ كۈنى خوجايىن ئىككىمىز ئۆيدە ئىدۇق، ئۇش-

www.uyghurkitap.com

تۇمتۇت بىر توپ بۇلاڭچى بېسىپ كىردى، ئۇلار مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن خوجايىننى ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپ، بېشىمغا قورال تەڭلەپ تۇرۇپ مېنى تامغا قارىتىپ قويدى. ئاندىن ماي بوياق رەسىملەرنى بۇلىدى...

— ئۇنداق بولسا، بۇلاڭچىلارنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەپسىز-دە؟ — دېدى خېسنىڭ ياردەمچىسى.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن تامدىكى ماي بوياق رەسىمنىڭ رامكا ئەينىكىدىن بۇلاڭچىلارنىڭ چىرايىنى كۆردۈم. بۇلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋېشى چىرايىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان، قولىدا قورال، پېشانىسىنىڭ سول تەرىپىدە بىر تاتۇق بار، تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئادەمكەن. ئۇلار رەسىملەرنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن بېشىمغا مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن قاتتىق ئۇردى، مەنمۇ ھوشۇمدىن كەتتىم...

— بون ئەپەندى، چاكىرىڭىزنىڭ ئېيتقانلىرى راستمۇ؟ سىزنىڭ دەيدىغان گېپىڭىز بارمۇ؟ — دېدى خېس.

— پۈتۈنلەي توغرا! ئىككىمىزنىڭ بېشىدا تاتۇقمۇ بار تېخى، — دېدى بون.

خېسنىڭ ياردەمچىسى ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىغا قارىدى، دەرۋەقە ساقايغىنىغا ئۇزاق بولمىغان ياردىن قالغان تاتۇق كۆرۈندى.

— سىلەر جاراھەت ھېلىھەم ئىشقا سېلىپ بۇرۇتۇمغا چالما تىزماقچىمۇ؟ — دېدى خېس كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن خوجايىن بىلەن چاكارنىڭ يالغانچىلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئىككىيلەن غىدىڭ - پىدىڭ قىلالماي، ئالدامچىلىق قىلىپ سۇغۇرتا پۇلىنى ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش جىنا-

يىتتىنى ئىقرار قىلدى.

سىز ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوت ئاپىتىنىڭ سىرى

شەھەر ئەتراپىدىكى بىر داچىغا ئوت كېتىپ ئۆي ۋە نۇرغۇن مال - مۈلۈك كۆيۈپ كەتتى، ھېلىمۇ ياخشى ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ئوتنى تېزلا ئۆچۈرۈۋالغاچقا، ئوت ئەتراپتىكى ئۆيلەرگە ۋە دەل - دەرەخلەرگە يامراپ كەتمىدى.

ساقچىلار نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، گاز ئوچىقىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى بايقىدى، شۇڭا ئۇلار بۇ ئوت ئاپىتى تاماق ئەتكۈچىنىڭ بىخەستەلىكىدىن كېلىپ چىققان تاسادىپىي ۋەقە، دەپ قاراشتى.

بىراق، رازۋېدكا باشلىقى زودى بۇ قاراشقا قوشۇلمىدى، چۈنكى ئۆيدىن جەسەت تېپىلمىدى، ئەكسىچە ئىشىك ئالدىدىن كۆيۈپ كەتكەن بىر جەسەت بايقالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رازۋېدكا باشلىقى زودى: «بۇ بىر قاتىللىق دېلوسى» دەپ ھۆكۈم قىلدى.

دەپ بېقىڭ، رازۋېدكا باشلىقى نېمە ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى قاتىللىق دېلوسى دەپ قارىدى؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

# ئىرىپ كەتكەن شاكىلات

قىش كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى، خۇسۇسىي رازۋېد-كىچى مارتىن ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى بىلەن دېلونى تەتقىق قىلىۋاتاتتى، ئىش ئۈستىلىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ، تۇ-رۇپكىدىن: «مارتىن ئەپەندى، ئالتۇن نىقاب يوقاپ كەت-تى، كاتىپىم ھازىر ئالدىڭىزغا ماشىنا ئېلىپ باردۇ، تېز كەلسىڭىز» دېگەن جىددىي ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ تېلېفون مارتىن ئەپەندىنىڭ قەدىناس دوستى، ئارخېئولوگ جورجى-دىن كەلگەنىدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ياش كاتىپ گىس ماشىنىلىق كېلىپ مارتىن ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. سەپەر ئۈستىدە مارتىن ئەپەندى كاتىپ بىلەن ئەھۋاللىشىپ، دوكتور جورجىنىڭ مايا مەدەنىيىتىنى تەت-قىق قىلىش ئۈچۈن بىر پۇلداردىن مىڭ تەسلىكتە بۇ بىباھا گۆھەرنى ئارىيەت ئالغانلىقىنى، لېكىن بۈگۈن كەچ تەتقى-قات ئورنىغا ئوغرى كىرىپ، ئالتۇن نىقابنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

توختىماي بىر يېرىم سائەت يول يۈرۈش ئارقىلىق مارتىن ئەپەندى دوكتور جورجىنىڭ تەتقىقات ئورنىغا يې-تىپ كەلدى.

گىس: «مارتىن ئەپەندى، سىلەر ئارامخانىدا جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى تەجرىبە-خانىدىن دوكتورنى چاقىرىپ چۈشەي» دەپلا پەلەمپەيگە قەدەم باستى. مارتىن ئەپەندى ساپادا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، گىسنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتە تۇرۇپ: «چاتاق بولدى! دوك-تور ئۆلۈۋاپتۇ!» دېگەن ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

مارتىنلار 2 — 3 تاقلاپلا بىناغا چىقىپ قارىۋىدى، دوكتور جورجىنىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى، پۇتىغا قويغان ئورۇندۇقنى تېپىپ ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار جورجىنىڭ جەسىتىنى پەسكە چۈشۈردى، مارتىن ئەپەندى ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى، ئەپسۇس، يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغانىدى. بىراق، مارتىن ئەپەندىنى ئە-جەبلەندۈرگىنى شۇكى، ئۆي ئىنتايىن سوغۇق بولسىمۇ، جورجىنىڭ جەستى ھايات ئادەمنىڭ تېنىدەك ئىسسىق تۇراتتى.

— بىز كېلىشتىن سەل بۇرۇن ئۆلۈۋالغان ئوخشاي-دۇ، — دېدى گىس.

— شۇنداق، جەسەتنىڭ بۇنداق ئىسسىق بولۇشى جورجى ئۆلگەن ۋاقىتنىڭ بىر سائەتتىن ئاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، — دېدى مارتىن ئەپەندى ھەمدە جورجىنىڭ يانچۇقىنى تەكشۈرۈپ پالپال قەغەزگە ئورالغان بىر شاكى-لاتنى تاپتى، پالپال قەغەزنى سويۇۋېتىپ شاكىلاتنىڭ ئې-رىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

شاكىلاتنى تۇتقىنىچە جورجىنىڭ جەسىتىگە قاراپ تۇرغان مارتىن ئەپەندى بىردىنلا گىسنى جۇنۇپ تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

غەزەپ بىلەن: «سەن جورجىنى ئۆلتۈردۈڭ! ئالتۇن نىقاب-نىمۇ سەن ئوغرىلىدىڭ!» دېدى-دە، بولۇڭدىكى ئىشكاپ-تىن گىسنىڭ ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلغانلىقىنى ئىسپات-لايدىغان پاكىتنى تېپىپ چىقتى. گىس لام-جىم دېيەل-مەي، جىنايىتىنى بويىنىغا ئالدى. ئەسلىدە جورجى مارتىن ئەپەندىگە تېلېفون ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالتۇن نىقاب-نى گىسنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى بىلىپ قالغان، گىس ئاش-كارىلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن جورجىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان قىلىپ يالغان نەق مەيدان ياساپ قويغان.

ئېيتىپ بېقىڭچۇ، مارتىن ئەپەندى جورجىنىڭ باشقى-لار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدى؟



# ئۇستىلىق بىلەن سۇنۇپ بېرىش

كېچە، ئەتراپ جىمجىت، چېۋەر ئوغرى كوۋان شېرد-
كى بىللە بىلەن سۇ شەھىرى ۋېنيېتسىيىگە يېتىپ كەلدى،
ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىر تاشقى ئىشلار ئەمەلدارىنىڭ تۇرال-
غۇسىغا كىرىپ، ئۇچىنچى قەۋەتتىكى يېزىق ئۆيىدىن ئىن-
تايىن مەخپىي ھۆججەتنى ئوغرىلاپ چىقىپ، بىر جاسۇسقا
يۇقىرى باھادا سېتىپ بېرىش ئىدى.

كوۋان ھۆججەتنى قولغا چۈشۈرۈپ قېچىشقا تەمشىلى-
ۋاتقاندا، سىرتقا چىقىپ كەتكەن تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى
ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ماراقچىلىق قىلىۋاتقان شېرىكى
شۇئان سىگنال بەردى، كوۋان دېرىزە سىرتىغا چىقىۋال-
دى. ئۇ ئەسلىدە پەستىكى سۇغا سەكرىۋالسا بولاتتى،
لېكىن ھېلىقى ھۆججەت سۇغا چىلىشىپ قىلىپ كاردىن
چىقاتتى - دە، ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا كېتەتتى. مۇشۇنداق
جىددىي پەيتتە ئۇنىڭ شېرىكى ھۆججەتنى سۇنۇۋېلىش ئۇ-
چۈن ئۇدۇلدىكى بىناغا چىقتى. ئەمما، ئىككى بىنانىڭ
ئارىلىقى سەل يىراق بولغاچقا، ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنچە
كۆچەپ قول ئۇزاتقان بولسىمۇ، 7 — 8 سانتىمېتىر
ئارىلىق قالغاندا قول يەتكۈزەلمەي، ھۆججەتنى سۇنۇپ بې-
رەلمىدى. بۇ چاغدا تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى ئۆيىنىڭ قۇلۇ-

پىغا ئاچقۇچ سالدى، كوۋان بىلەن ئۇنىڭ شېرىكىنىڭ قولىدا ھېچقانداق ئەسۋاب يوق ئىدى، كوۋان قالتىس ئوغ-رى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئەقىل تېپىپ، ھۆججەتنى ئۇستىلىق بىلەن شېرىكىگە سۇنۇپ بېرىپ، سۇغا سەكرەپ قېچىپ كەتتى.

ئەقىللىق كىچىك دوست، كوۋان ھۆججەتنى شېرىكى-گە قانداق سۇنۇپ بەردى؟



# رەڭدىن چاندۇرۇپ قويۇش

باينىڭ قىزى فاڭزى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ساقچىلار تەكشۈرۈش جەريانىدا فاڭزىنىڭ قىزىل پەلەي بىلەن يېشىل پەلەينى يىغىپ ساقلاش ھەۋەسكارى ئىكەنلىكىنى، ئۆيىدە مەخسۇس پەلەي ئىشكاپى بارلىقىنى بايقىدى. بىراق، ئىشكاپتىكى پەلەيلەر قالايمىقان قويۇلغان ئىدى، «قىزىل» دەپ يېزىلغان ئىشكاپتا پۈتۈنلەي يېشىل پەلەي، «يېشىل» دەپ يېزىلغان ئىشكاپتا ساپلا قىزىل پەلەي تۇراتتى. روشەنكى، قاتىل ئىشكاپنى ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىخەستەلىك قىلىپ پەلەيلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان.

ساقچىلار ئىككى جىنايەت گۇماندارىنى قولغا ئالدى، ئۇلارنىڭ بىرى فاڭزىنىڭ ئەر دوستى، يەنە بىرى تۇرۇۋا ئىشچىسى ئىدى، چۈنكى ئۇلار دېلو يۈز بەرگەن كۈنى فاڭزىنىڭ ئۆيىگە بارغان بولغاچقا، جىنايەت سادىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالدى.

ساقچى باشلىقى نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىككىيلەندىن سورىدى:

— قايسىڭلار رەڭ قارىغۇسى؟

— مەن، — دېدى تۇرۇۋا ئىشچىسى ئويلىنىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرمايلا.

ساقچى باشلىقى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «كىمنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى.

كىچىك دوست، كىمنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟



# يوقالغان ئاخبارات

A دۆلەتنىڭ جاسۇسى مېك بۇيرۇققا بىنائەن ھەربىي ئاخبارات ئوغرىلاش ئۈچۈن B دۆلەتكە بېرىپ، كەپتەر ساتقۇچى بولۇۋېلىپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى.

بىر كۈنى ئۇ بىر ھەربىي بازىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، مەخپىيخانىدىن B دۆلەتنىڭ ھەربىي ماتېرىيالىنى ئوغرىلاپ چىقتى، بىراق قايتىشىدا سېزىلىپ قالدى، ئەسكىرىي ساقچىلار ئۇنى تۇرالغۇسىغىچە قوغلاپ بېرىپ تۇتۇۋېلىپ:

— ئوغرىلانغان ماتېرىيالنى تاپشۇرساڭ ئۆلۈمدىن قۇ-تۇلۇپ قالىسەن، ياخشىسى ماتېرىيالنى دەرھال تاپشۇر! — دېدى.

— مەن جاسۇس ئەمەس، دۆلىتىڭلارنىڭ ماتېرىيالى-نىمۇ ئوغرىلىمىدىم، سىلەر خالىغانچە ئاختۇرۇڭلار، ئە-گەر ئىزدىگەن نەرسەڭلارنى تاپالىساڭلار، مېنى نېمە قىل-ساڭلار مەيلى، — دېدى مېك.

ئەسكىرىي ساقچىلار مېكنىڭ تۇرالغۇسىنى، ئۇستىۋې-شىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپمۇ ماتېرىيالنى تاپالمىدى. غە-لىتە ئىش، ئۇلار مېكنى ئىز بېسىپ قوغلىغان، مېكنىڭ ھېچكىم بىلەن ئۇچراشمىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆر-

گەن تۇرسا، ھېلىقى ماتېرىيال قانداق غايىب بولىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# نامسىز ئوغرى

ئالتە قەۋەتلىك بىر مېھمانخانىنىڭ 508 - نومۇرلۇق
ياتىقىدا قونغان ئالماس سودىگىرى سەھەر ئورنىدىن تۇ-
رۇپ، ئۆزى قۇتىغا سېلىپ ساقلاۋاتقان قىممەتلىك بىر
ئالماسنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى بايقىدى.

نەق مەيداننى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئوغرىنىڭ ئال-
دىنقى كۈنى ئاخشىمى بالكوندىن ياتاققا كىرگەنلىكى، ئال-
ماس قۇتىسىدا جىنايەتچىنىڭ بارماق ئىزى قالغانلىقى باي-
قالدى، بۇ ئىشنى مېھمانخانىغا چۈشكەن بىرەيلەننىڭ قىل-
غانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ساقچى-
لار مېھمانخانىغا كىرىپ - چىققانلارنىڭ بارماق ئىزىنى
بىر- بىرلەپ تەكشۈردى، ئەمما ھېچكىمنىڭ بارماق ئىزى
گۇماندارنىڭكىگە ئوخشاش چىقمىدى.

بۇ چاغدا مايمۇن يېتىلىنىۋالغان بىر مېھمان مېھمانخا-
نىدىن سىرتقا قاراپ ماڭدى، مايمۇننىڭ گاھ ئالدىغا، گاھ
كەينىگە مېڭىشلىرى، سەكرەپ - تاقلاشلىرى تولىمۇ قىزى-
قارلىق ئىدى. ئىشىك باقار ساقچى بۇ مېھماندىن گەپ
سوراپ، ئۇنىڭ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بۇ جايغا كەلگەنلى-
كىنى، ھېلىقى مايمۇننى بېقىۋاتقىنىغا كۆپ يىل بولغانلى-
قىنى، مايمۇن بىلەن بەك ئېجىل ئىكەنلىكىنى ئۇقتى.

www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈشتە گۇمانلىق ئەھۋال سېزىلمىگەچكە، بۇ مېھمان-
نىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىندى.

ئۇشتۇمتۇت بىر ساقچى بىرنېمىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئالماسنى كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى بىلىۋالدى، سىز بىلەلىدىڭىزمۇ؟



# تۇياق ئىزىغا قاراپ دېلوغا ھۆكۈم قىلىش

بىر كۈنى ئەتىگەندە ساقچى مەھكىمىسى جەنۇبىي تاغدىكى ئورمانلىقتا بىر ئەر جەسەتنىڭ بايقالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

ساقچى باشلىقى بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. بىر ئەر قانغا مىلىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ بوينى تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپتىكى چۆپلۈكتە ھايۋاننىڭ تۇياق ئىزلىرى بار ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ياردەمچى:

— قارىغاندا، بۇ ئادەمنى ياۋايى ھايۋان چىشلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ، — دېدى.

ساقچى باشلىقى ئېڭىشىپ يەردىكى تۇياق ئىزلىرىغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ياق، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. قاتىل ئەتەي ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلغان، — دېدى.

راست دېگەندەك، ساقچىلار نەق مەيداننىڭ ئەتراپىدىن بىر ئەرنىڭ ئىزىنى بايقىدى. ئۇلار مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن قاتىلنى تۇتتى. ياردەمچى ھاڭ - تاڭ قالدى. ساقچى باشلىقى نېمىگە ئاساسەن بۇنى قاتىللىق دېلوسى دەپ

www.uyghurkitap.com

هۆكۈم قىلدى؟

سىز تۇياق ئىزلىرىغا سەپسېلىپ قارىسىڭىز بارلىق-
چىگە جاۋاب تېپىپ بېرەلەيسىز.



# ئەجەبلىنەرلىك پارتلاش دېلوسى

بىر كۈنى ئاخشىمى سائەت 10 لاردا شەھەر سىرتىدى-
كى ھەشەمەتلىك بىر داچىدا ئۈشتۈمتۇت پارتلاش يۈز بې-
رىپ، دەھشەتلىك ئوت ياندىكى ئۆيلەرگە تۇتاشتى. ئوت
ئۆچۈرگۈچىلەرنىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە
ئوت ئاخىر ئۆچۈرۈۋېلىندى.

ساقچىلار پارتلاشنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ، داچىدى-
كى ياتاق ئۆيدىن بىر موماينىڭ كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن
جەسىتىنى تاپتى. قانۇن دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقى-
لىق ئۆلگۈچىنىڭ كۆمۈر گازىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلى-
كى ئايان بولدى. روشەنكى، بۇ موماي پارتلاش يۈز بېرىش-
تىن بۇرۇن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن. ئەمىسە، كۆمۈر گازى
نېمە سەۋەبتىن پارتلىغان؟

ساقچى باشلىقى ئىش ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاما-
كىنى قاتتىق ـ قاتتىق شورايتتى، ئويلىغانسېرى ئەجەبلى-
نەتتى: نەق مەيداندا مومايدىن باشقا ئادەم يوق، ئوت
كەتكەنلىكنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئالامەت بايقالمى-
دى، يەنە كېلىپ شۇ كۈنى كەچتە بۇ رايوندا توك توختى-
غان، پارتلاشنىڭ توك قېچىشتىن كېلىپ چىققان بولۇشى-
مۇ مۇمكىن ئەمەس... ساقچى باشلىقىنىڭ بېشى قاتتى.

تېلېفوننىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىشى ساقچى باشلىقىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، ئەسلىدە يەنە دېلو يۈز بەرگەنىدى.

ساقچى باشلىقى ساقچىلارنى باشلاپ سىرتقا ماڭدى. بوسۇغىغا كەلگەندە بىردىنلا پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ: «ھەي، مەن نېمانچە دۆتلىشىپ كەتكەندىمەن؟ مانا بۇ پارتلاشنىڭ سەۋەبى ئەمەسمۇ!» دېۋەتتى.

سىز ساقچى باشلىقى ئېيتقان پارتلاشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟



# پروفېسسورنىڭ ئۆلۈمى

خۇاڭ پروفېسسور نۇرغۇن نەتىجە ياراتقان فىزىكا ئا-لىمى ئىدى، ئەپسۇسكى ئېغىر يۇرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ يېزىق ئۇستىلىنى باغىرلىغان هالدا جان ئۇزدى، ئۇستەلدە ئۇ تېخى يېزىپ بولالمىغان ئىلمىي ماقالە تۇراتتى، ئۇنىڭ خىزمەت ئۇستىدە كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ ئۆلگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ساقچىلار نەق مەيداننى سۇرەتكە تارتىپ بولۇپ، پرو-فېسسور كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ ئۆلگەن، دەپ هۆكۈم چىقاردى. ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنىڭدىن گۇمان-لىنىپ، داڭلىق رازۋېدكا باشلىقىنى نەق مەيدانغا كېلىپ ئەهۋالنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. نەق مەيداندا پروفېسسورنىڭ جەسىتى ئېلىپ كېتىلگەندىن باشقا، هەممە نەرسە ئۆز جايىدا ئىدى. يېزىق ئۇستىلىدە تۇرغان قىزىلىق كۆزەينەكنى رازۋېدكا باشلىقىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. راز-ۋېدكا باشلىقى جەسەتخانىغا بېرىپ خۇاڭ پروفېسسورنىڭ كۆزەينەك تاقىغان هالەتتە ياتقانلىقىنى، ئۇ كۆزەينەكنىڭ يىراقنى كۆرۈش كۆزەينىكى ئىكەنلىكىنى بايقىدى، بۇنىڭ-دىن خۇاڭ پروفېسسورنىڭ هەم قىزىلىق كۆزەينىكى، هەم

يىراقنى كۆرۈش كۆزەينىكى تاقايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. رازۋېدكا باشلىقى شۇئان: «پروفېسسور باشقا جايدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ھازىرقى نەق مەيدانغا يۆتكەپ كېلىنگەن» دەپ خۇلاسە چىقاردى.

رازۋېدكا باشلىقىنىڭ شۇنداق يەكۈن چىقىرىشتىكى ئاساسى نېمە؟ بۇنى بىلەمسىز؟



# ئاسماندىكى ئوغرى

ياۋروپادىكى چوڭ شەھەرلەرگە قاتنايدىغان ئايروپىلاندا ئۇدا نەچچە قېتىم ئوغرىلىق دېلوسى يۈز بېرىپ، جىنايەتچىلەر ھەرقايسى بانكىلار ئارا توشۇلىدىغان پۇللارنى ئوغرىلاپ كەتتى. دېلو تۇغدۇرۇش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ھەممە جىنايەتنى بىر ئوغرىلىق شايكىسىنىڭ سادىر قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى.

بانكىلار پۇل توشۇغاندا، بانكىنىڭ قوغداش خادىملىرى پۇل قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئايروپىلان قوزغىلىش ئالدىدا ئايروپىلاننىڭ يۈك بۆلمىسىگە ئەكىرىپ پولات ئىشكاپقا سالاتتى، ئاندىن ئايروپىلاندىكى قوغداش خادىملىرى يۈك بۆلمىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقىۋېتەتتى. يۈك بۆلمىسىگە ھەرقانداق ئادەمنىڭ كىرىش - چىقىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئايروپىلان قونغاندا، پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى بانكىنىڭ قوغداش خادىملىرى ئايروپىلانغا چىقىپ، پۇلنى ئېلىپ بانكىغىچە نازارەت قىلىپ ماڭاتتى. بىراق، تەرتىپ مۇشۇنداق قاتتىق بولسىمۇ، بانكا خادىملىرى پۇل ساندۇقىنى ئاچقاندا ھەممە پۇلنىڭ كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايقايتتى، توشۇلۇۋاتقان پۇل 10 مىڭ مېتىر ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا غايىب بولاتتى.

بىر كۈنى پارىژ مەركىزىي بانكىسى 5 مىليون ئامېرى-
كا دوللىرىنى A شەھەرگە توشۇماقچى بولۇپ، يالغۇق
رازۋېدكىچى مېكنى بىخەتەرلىككە مەسئۇل بولۇشقا تەكلىپ
قىلدى. مېك ئەپەندى ئالدىنقى بىرنەچچە قېتىملىق ئوغرى-
لىقنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ بېقىپ، بۇ
ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە پۇلنى بىخەتەر توشۇشنىڭ
بىرنەچچە لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، 5
مىليون ئامېرىكا دوللىرى دېگەن ۋاقىتتا ئايروپىلاننىڭ
يۈك بۆلمىسىدىكى پولات ئىشكاپقا سېلىندى، ئايروپىلان
ئىككى سائەت ئۇچقاندىن كېيىن A شەھەرنىڭ ئايرودرومى-
غا ئامان - ئېسەن قوندى. مېك ئەپەندى بىلەن قوغداش
خادىملىرى پۇل ساندۇقىنى ئېچىپلا 5 مىليون ئامېرىكا
دوللىرىنىڭ كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى
كۆردى. مېك ئەپەندى كۆلۈمسىرەپ قويۇپ، قوغداش خا-
دىملىرىغا: «بۇ قېتىم ئوغرى بىلەن ھارام پۇلنى تەڭلا
قولغا چۈشۈرىدىغان بولدۇق!» دېدى. دەرۋەقە، توشۇپ
كېلىنگەن مالنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئورنىدا ئاسماندىكى
ئوغرى بىلەن ئۇنىڭ شېرىكلىرى تۇتۇلدى، 5 مىليون
ئامېرىكا دوللىرى قايتۇرۇۋېلىندى.
ئوغرىنىڭ پۇلنى قانداق ئوغرىلىغانلىقىنى چۈشەندى-
ڭىزمۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# تۇتۇپ كەتكۈچى كىم

W شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئوغلىنىڭ گۆرۈگە تۇ-تۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇقۇپ ئولتۇرالماي قالدى. شۇ ئەس-نادا تۇتۇپ كەتكۈچى ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ: «ساڭا بالا لازىم بولسا، ئەتە سائەت 12 دىن بۇرۇن 100 مىڭ ئامېرى-كا دوللىرىنى خالتىغا سېلىپ، مۇشۇ شەھەرنىڭ H كوچىسىدىكى 376 - نومۇرلۇق ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق ۋول ئەپەندىگە پوچتىدىن ئەۋەتىپ بەر، ساقچىغا مەلۇم قىلما، بولمىسا ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېدى.

W شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىلماي، خۇسۇسىي رازۋېدكىچى تەكلىپ قىلدى، ئاندىن پۇل غەملەشكە كىرىشتى.

رازۋېدكىچى مال ساتقۇچى سىياقىدا ياسىنىپ، تۇتۇپ كەتكۈچى ئېيتقان ئادرېستىكى جاينى تەكشۈردى، غەلىتە ئىش، شۇ كوچىدا ئۇنداق ئۆيمۇ، ئۇنداق ئادەممۇ يوق ئىدى. ئەمىسە، تۇتۇپ كەتكۈچى پۇلنى قانداق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ؟ رازۋېدكىچىنىڭ بۇنىڭغا ئەقلى يەتمىدى. بىراق، ئۇ توساتتىن بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، تۇتۇپ كەت-كۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

ئەتىسى دىرېكتور رازۋېدكىچىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە

خالتىنى دېگەن ۋاقىتتا پوچتىغا سالدى. چۈشتىن كېيىن-كى چاغ، تۇتۇپ كەتكۈچى 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ خۇشاللىقتىن خۇدىنى بىلمەي قالغان پەيت-تە رازۋېدكىچى تەرىپىدىن نەق مەيداندا تۇتۇلدى، گۆرۈگە ئېلىنغان بالىمۇ ئامان - ئېسەن قۇتۇلدۇرۇۋېلىندى.

دەپ بېقىڭ، تۇتۇپ كەتكۈچى كىم؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# رەسىمگە قاراپ جاسۇس تۇتۇش

مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت مۇداپىئە زاۋۇتىدىكى مەخپىيخانىدا يېڭى تىپتىكى بىر قورالنى ياساش چېرتيوژى ساقلىنىۋاتاتتى. A دۆلەت بىلەن B دۆلەت بۇ چېرتيوژغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قابىل جاسۇسلىرىنى ئىشقا سالدى.

بىر كۈنى ئىككى جاسۇس بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ھېلىقى زاۋۇتنىڭ مەخپىيخانىسىغا كەلدى، بۇرۇن كەلگەنى ئىشنى پۇتكۇزۇپ يولىغا ماڭدى، كېيىن كەلگىنى قۇرۇق قول قايتتى.

بۇ ئىككى جاسۇس شۇنچە قابىل بولسىمۇ، دۆلەت مۇداپىئە زاۋۇتىنىڭ ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش ئۈسكۈنىسى ئۇلارنى سۈرەتكە ئېلىۋالدى.

سىز A، B ئىككى رەسىمگە قاراپ قايسى جاسۇسنىڭ چېرتيوژنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى تاپالامسىز؟



A



B

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دېرىزىنىڭ سىرتقى ئەينىكىدىكى قېلىن مۇز

ئارخېئولوگ باچىئو ئەپەندى شەھەر سىرتىدىكى داچىدا يالغۇز تۇراتتى. ھەريىلى نەچچە ئاي سىرتتا ئىشلەيتتى، ئۆيدە تۇرالمىغان چاغلىرىدا قوشنىسى كۆلغا ئۆيگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇشنى تاپىلايتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە باچىئو ئەپەندى سەپەردىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىشىگە، كۆل شاپاشلاپ كېلىپ: «ئاخشام ئۆيىڭىزگە ئوغرى كىردى!» دېدى. باچىئو ئەپەندى يۈك - تاقلىرىنى يەرگە قويۇپ، ساقچى باشلىقى ۋولكېرنى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. باچىئو ئەپەندى ئىشىكنى ئاچتى، ئۆيدىكى نەرسىلەر ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتكەنىدى، ئېنىقلاش ئارقىلىق قىممەتلىك بىرنەچچە ئاسارئەتىقە ۋە بىر مۇنچە پۇلنىڭ ئوغرىلانغانلىقى مەلۇم بولدى. ساقچى باشلىقى ۋولكېر كۆلدىن ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى، كۆل گەپ باشلىدى:

— تۈنۈگۈن كېچە باچىئو ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىن بىر شەپىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم، دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسام، دېرىزە ئەينىكىدە قېلىن بىر قەۋەت مۇز تۇتۇپتۇ، ئۆيدىكى ھېچ

نەرسىنى كۆرەلمىدىم، دېرىزە ئەينىكىنى هوردىۋىدىم، مۇز سەل ئېرىدى، شۇ چاغدىلا ئۆيدە بىر ئەرنىڭ ئۇنى - بۇنى ئاختۇر ۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، شۇنىڭ بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتىم، بىراق ئوغرى بەك هىيلى- گەر نېمىكەن، شۇنچە قىلسامىمۇ قېچىپ كەتتى...

— بولـدى! — دېـدى ۋولـكېر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۇپ، — ئويۇنىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ، ئوغرى دەل ئۆزد- ڭىز!

كىچىك دوست، بۇ زادى نېمە ئىش؟



www.uyghurkitap.com

# ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئۆلۈمى

ساقچى ئەمەلدارى خۇاڭ ئەپەندى ئاق كۆڭۈل، خىز-
مەتنى بەجانىدىل ئىشلەيدىغان، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلى-
دىغان كىشى ئىدى، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئۇ-
نىڭغا بەك ئىشىنەتتى ۋە مۇھىم ئىشلارنى تاپشۇراتتى.
ئەمما، ئىچى تار بەزى خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك
قىلاتتى.

بىر كۈنى خۇاڭ ئەپەندىنىڭ ئۆز ياتىقىدا ئۆلگەنلىكى
بايقالدى، قارىماققا ئۇ ئۆزىنىڭ تاپانچىسىدا ئۆزىنى ئېتى-
ۋالغاندەك قىلاتتى. نەق مەيداننى تەكشۈرگەن ساقچىلار
تاپانچىنىڭ تەپكىسى ئەتراپىدىنلا خۇاڭ ئەپەندىنىڭ بارماق
ئىزىنى تاپتى، باشقا جايلىرىدىن بارماق ئىزى بايقالمىدى.
خۇاڭ ئەپەندى ئادەتتە تاپانچىنى ئوڭ قولىدا تۇتاتتى، ئۆل-
گەن چاغدىمۇ تاپانچىنى ئوڭ قولىدا تۇتقانىدى، شۇڭا نەق
مەيداننى تەكشۈرگەن ساقچىلار خۇاڭ ئەپەندى ئۆزىنى ئۆل-
تۈرۈۋالغان، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

رازۋېدكا باشلىقى لى سى خۇاڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىغا ئىشەنمەي، ئەتراپلىق كۆزىتىش ۋە
تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قايىل قىلارلىق ئىككى پاكىتنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ، خۇاڭ ئەپەندىنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈل-

گەنلىكنى ئىسپاتلىدى.

سىز بۇ ئىككى پاكىتنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 5000 يارماق كىمنىڭ

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جاۋياڭ شەھىرىدىكى بىر سارايغا بىر كۈنى ئاخشىمى ئىككى ئادەم قونغىلى كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى گەزمالچى، يەنە بىرى ئەما پالچى ئىدى. سارايۋەن ئۇلارنىڭ ئىجىللىقىنى كۆرۈپ:

— ئىككىلىرى بۇرادەرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككىمىز سەپەر ئۈستىدە تونۇشۇپ قالغان، بىر ئۆيدە ياتايلى، — دىدى گەزمالچى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەما ۋارقىراپ - جارقىراپ گەزمالچى بىلەن جىدەللەشكىلى تۇردى، بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەم يىغىلدى. سارايۋەن ئارىغا چۈشۈپ سالا - سۇلھى قىلىۋىدى، ئەما:

— بىر يىلدىن بۇيان پال ئىچىپ يۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا تاپقان 5000 يارماق پۇلۇمنى ئاخشام ياستۇقنىڭ تېگىگە باسۇرۇپ قويغانتىم، ئەتىگەن قوپۇپ قارىسام يوق تۇرىدۇ، چوقۇم ئۇ سوقۇۋالدى، — دىدى گەزمالچىنى كۆرسىتىپ.

— خالتامدىكى 5000 يارماق گەزمال سېتىۋېلىشقا تەييارلاپ قويغان دەسمايەم ئىدى، بىر كېچىدىلا ئۇنىڭكى بولۇپ قاپتۇ، — دىدى گەزمالچى ئەمانى ئىما قىلىپ،

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمىدى. چارىسىز قالغان سارايۋەن ئۇلارنى يامۇلغا ئېلىپ باردى.
ئامبال گەزمالچىدىن: «پۇلۇڭدا بىرەر بەلگە بارمىدى؟» دەپ سورىدى. گەزمالچى:
— پۇلۇمنى خوتۇنۇم شوينىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، پۇلۇمدا بەلگە يوق، — دېدى.
— بېگىم، مېنىڭ پۇلۇمنىڭ بەلگىسى بار، مەن پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى ئوڭ تەرىپىنى ئوڭ تەرىپىگە، تەتۈر تەرىپىنى تەتۈر تەرىپىگە قارىتىپ ئۆتكۈزگەن، — دېدى ئەما گەپكە قوشۇق سېلىپ. ئامبال 5000 يارماقنى بىر-بىرلەپ تەكشۈردى، 5000 يارماق راستتىنلا ئوڭ تەرىپىنى ئوڭ تەرىپىگە، تەتۈر تەرىپىنى تەتۈر تەرىپىگە قارىتىپ ئۆتكۈزۈلگەنىدى.
ئامبال ئەمانىڭ ئىككى ئالقىنىغا قارامتۇل يېشىل رەڭلىك مىس دېتى يۇقۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، گەزمالچىدىن:
— تۇنۇگۇن كېچە بىرەر شەپىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— مەن چارچاپ كەتكەچكە، يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. تاڭ يورۇغاندا ئەمانىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، — دېدى گەزمالچى. ئامبال ئەماغا قاراپ:
— كېچىچە ئالدىراش ئىشلىدىڭمۇ دەيمەن؟ بىكار ئاۋارە بوپسەن، — دېدى ـ دە، يايىلارغا ئەمانى تۇتقۇزۇپ، 5000 يارماقنى گەزمالچىغا بۇيرۇپ بەردى.
سىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# زەھەرلىك كوكاكولا

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى بىر قىز ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىدا جان ئۈزدى.

ساقچى ئەمەلدارى نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، قىزنىڭ تاماق ئۈستىلى يېنىدا ئۆلگەنلىكىنى كۆردى، ئۈستەلدە يېرىمى ئىچىلگەن بىر قۇتا كوكاكولا تۇراتتى، كوكاكولانىڭ ئاستىغا قەلەمدە رەتلىك ھەم چىرايلىق يېزىلغان بىر پارچە ۋەسىيەتنامە قىستۇرۇلغانىدى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق كوكاكولادا زەھەر بارلىقى ئېنىقلاندى. قىزنىڭ يىگىتى:

— توڭلاتقۇدا بىر قۇتا كوكاكولا قاپتىكەن، ماڭا يەتمىدى، سىرتقا چىقىپ كوكاكولا سېتىۋېلىپ قايتىپ كىرسەم، ئۇ كوكاكولا ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ، — دېدى.

ساقچى ئەمەلدارى ھېلىقى ۋەسىيەتنامىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، قىزنىڭ يىگىتىگە قاراپ:

— سىز جىنايەت گۇماندارى، ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلىڭ، — دېدى.

سوراق قىلىش نەتىجىسىدە ئۆلگۈچىنىڭ يىگىتى جىنايىتىنى بويىنىغا ئالدى.

www.uyghurkitap.com

كىچىك دوست، بۇ دېلودىكى يوچۇقنى بىلەلىدىڭىز-مۇ؟



# بارماق ئىزى يوق ئوغرى

رازۋېدكىچى گىس قاۋاقخانىدا هاراق ئىچىۋېتىپ، يېنىدا ئولتۇرغان گۈزەل بىر قىزغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلدىيۇ، دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىدى.

بۇ لاتاپەتلەك قىز ئىككى قولىنىڭ تىرناقلىرىغا قىپ-قىزىل تىرناق بويىقى سۈركىۋالغان بولۇپ، يۇمران هەم نازۇك قوللىرىدا رومكىنى تۇتقىنىچە رومكىدىكى هاراقنى ئالدىرىماي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇ گىسنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، رومكىدىكى هاراقنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ رومكىنى قويدى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

قىزنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قامىتىگە كەينى تەرەپتىن قاراپ تۇرغان گىس بىردىنلا ئۇنىڭ ساقچىلار تۇتۇپ بەرگۈچىگە مۇكاپات بېرىشنى جاكارلىغان ئايال ئوغرى «ئاق ئەتىرگۈل» ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە ئېتىلىپ باردى. لېكىن، «ئاق ئەتىرگۈل» نىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. گىس ئۇ هېلىلا قويۇپ قويغان رومكىنى دەرهال ئەۋرىشكە خالتىسىغا سېلىپ، ئۇنىڭ بارماق ئىزىنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە ساقچى

مەھكىمىسىگە ئاپىرىپ بەردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۈزۈم-
كىدا كۈتكۈچىدىن باشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ بارمىقى ئىزى
يوقلۇقى مەلۇم بولدى.

غەلىتە ئىش! گىس شۇ چاغدا ئۈنىڭ پەلەي كىيمىگەن-
لىكىنى، بارماق ئىزىنىمۇ سۈرتۈۋەتمىگەنلىكىنى ئۆز كۆ-
زى بىلەن كۆرگەن تۇرسا، ئەجەبا ئۈنىڭ بارماق ئىزى
يوقمىدۇ؟ گىس ئۈشتۈمتۈت بىر ئىشنى خىيالىغا كەلتۈ-
رۈپ، ئۆز - ئۆزىگە: «پاھ! ئۇ ھەقىقەتەن داڭلىق ئوغرى
بولۇشقا مۇناسىپكەن، ھوشىيارلىقتا ۋايىغا يېتىپتۇ!» دەپ
پىچىرلىدى.

ئېيتىپ بېقىڭچۇ، ئۈنىڭ بارماق ئىزى زادى نەگە
كەتتى؟



# ئايروپىلاندىكى قاتىل

چوڭ تىپتىكى بىر يولۇچىلار ئايروپىلانى A شەھەردىن ئۇچۇپ B شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىك تاسمىسىنى باغلىغان - باغلىمىغانلىقىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئايروپىلان كۈتكۈچىسى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بايقاپ، دەرھال ئايروپىلان باشلىقىغا مەلۇم قىلدى. ئايروپىلان باشلىقى يەردىكىلەر بىلەن جىددىي ئالاقىلەشتى، ئايروپىلان B شەھەرنىڭ ئايرودرومىغا قونغاندىن كېيىن، ساقچىلار ئايروپىلانغا چىقىپ ئەھۋالنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئۆلگۈچىنىڭ بەدىنىدىن يارا ئىزى تېپىلمىدى، قانۇن دوختۇرى ئۆلگۈچىنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنداق بولسا، زەھەر نەدىن پەيدا بولدى؟

ساقچىلار يولۇچىلار تىزىملىكىدىن ئۆلگۈچىنىڭ مەلۇم ئېلېكتر ئەسۋابلىرى شىركىتىنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى، چوڭ بىر سودىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن A شەھەردىن B شەھەرگە ماڭغانلىقىنى بىلدى. باشقا يولۇچىلار تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، گۇمانلىق ئەھۋال سېزىلمىدى. بىردىنبىر گۇمانلىق ئالامەت شۇكى، ئۆلگۈچىنىڭ كەينىدە بىر ئايال ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ كەسپىي قاتىل ئىدى. بىراق،

ئەتراپتىكى يولۇچىلار ئۇ ئايالنىڭ ئايروپىلان ئۇچقاندىن تارتىپ ئورنىدىن قوزغالماي، نەيچە بىلەن گازلىق سۇ ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۆلگۈچىگە زادىلا يېقىنلاشمىغان-لىقىنى ئېيتىشتى. ساقچىلار بۇ ئايالنىڭ نەرسە - كېرەك-لىرىنى تەكشۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ قول سومكىسىدىن يىپ ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىڭنە چىقتى، ھېچقانداق قاتىللىق قورا-لى تېپىلمىدى.

ھېلىقى ئايال قاتىلمۇ؟ ئۆلگۈچى قانداق زەھەرلەن-گەن؟



# غەلىتە تاسادىپىيلىق

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جورجى ۋېلىسىپىتكە مىنىپ ياتىقىغا قاراپ ماڭغانىدى، دۆڭدىن چۈشۈۋاتقاندا ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ كېتىپ شۇ يەردىلا جان ئۈزدى.

ساقچىلار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ئۆلگۈچىنىڭ يېنىدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جىمى تۇراتتى، ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى ساقچىلارغا مەلۇم قىلماقچى بولۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن شۇ چاغدا دۆڭدىن چىقىۋاتاتتىم، ۋېلىسىپىتلىك بىر كىشى دۆڭدىن غۇيۇلداپ چۈشۈپ بۇ تاشقا ئۇرۇلدى ـ دە، تىك موللاق چۈشتى. ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزاي دەپ يۈگۈرۈپ باردىم، بىراق ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ، يۈز-كۆزى قانغا بويىلىپتۇ، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقچىغا مەلۇم قىلدىم.

A ساقچى بۇ ئىشنى تاسادىپىي قاتناش ۋەقەسى دەپ قارىدى. لېكىن، B ساقچى جىمىغا قاراپ:

— تولا بىلجىرلىما! سەن يالغان گۇۋاھلىق بەردىڭ، بۇ دېلو چوقۇم سەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك، راستىڭنى ئېيت، — دېدى.

B ساقچى نېمىگە ئاساسەن جىمىغا يالغان گۇۋاھلىق

بەردىڭ دېدى؟ نەق مەيداننى تەپسىلىي كۆرسىتىپ بېقىڭ.
قېنى، جاۋاب تاپالامسىزكىن؟



# قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش سىگنالى — SOS

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بانكا خىزمەتچىسى لاندىنىڭ ئۆز ئۆيىدە باشقىلار تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايقالدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ساقچى باشلىقى لۇئى ساقچىلارنى باشلاپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ سائەت 12 ئەتراپىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى، چاي ئۈستىلىدە هاراق ئىچىلگەن ئىككى رومكا، كۈلداندا بىرنەچچە تال تاماكا قالدۇقى تۇراتتى، رومكىدىكى بارماق ئىزى سۈرتۈۋېتىلگەندى. بۇ ئەھۋاللار تەھلىل قىلىنىپ، قاتىل بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىندى. ساقچى باشلىقى لۇئى ئۆلگۈچىنىڭ تونۇش - بىلىشلىرىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئىككى كۈن پايپېتەك بولۇپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە گۇمان كالوشقا مەركەزلەشتى. ساقچى باشلىقى لۇئى پورتتىكى سەيلە كېمىسىدىن كالوشنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 2 گىچە نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سورىدى. كالوش بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 يېرىمدا مەن لائونغا: «ئىككىمىز دېڭىزغا چىقىپ سەيلە قىلىپ كېلەيلى» دەپ تېلېفون بەردىم، ئۇ ماڭا چۈشتە بىرسى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى، مەن بىلەن بىللە بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن كېمەمنى ھەيدەپ دېڭىزغا چىقتىم. سائەت 12 يېرىملاردا كېمەمنىڭ ماتورىدىن چاتاق چىقتى، كاشىلىنى دەماللىققا ئوڭشىيالمىدىم. ئۇ چاغدا شامال توختىغان، دېڭىز يۈزى تىپتىنچ ئىدى، كېمەم مىدىر - سىدىر قىلماستىن سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالدى. ئامال تاپالمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاق داستىخانغا قىزىل سىردا «SOS» دەپ يېزىپ، داستىخاننى بايراق خادىسىغا ئېسىپ قويدۇم. بىردەمدىن كېيىن سېرىق رەڭلىك قۇتقۇزۇش كېمىسى كىيگەن بىر ئەپەندى كېمە ھەيدەپ قېشىمغا كەلدى، ئۇ ماڭا لەپىلدەپ تۇرغان بايراقتىكى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش سىگنالىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە كېمەمنى كېمىسىگە چېتىپ پورتقا سۆرەپ ئەكېلىپ قويدى، — دېدى.

— سىز ماڭا ھېلىقى ئەپەندىنىڭ ئىسمىنى، كېمىسىنىڭ نومۇرىنى دەپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ساقچى باشلىقى لۇئى.

— كەچۈرۈڭ، مەن قىرغاققا چىقىشقا ئالدىراپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋالماپتىمەن، كېمىسىنىڭ سۇس سېرىق ئىكەنلىكىلا ئېسىمدە قاپتۇ...

ساقچى باشلىقى لۇئى قول ئىشارىتى بىلەن كالوشنى گەپتىن توختىتىپ:

— توقۇغان ھېكايىڭىز خېلى تەسىرلىككەن، شۇغىنىد-
سى سەل مۇجمەل بولۇپ قالدى، ئېيتقانلىرىڭىزنى ئەمدى
تۈزىتىۋالالمايسىز، يەنىلا مەن بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە
بېرىپ راستىڭىزنى ئېيتىڭ! — دېدى.

سوراق جەريانىدا كالوش ئۆزىنىڭ لاندىنى ئۆلتۈرگەن-
لىك جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى.

ئۇنداقتا، ساقچى باشلىقى لۇئى ئۇنىڭ قاتىل ئىكەنلى-
كىنى قانداق بىلدى؟



# ئاق مايكىنىڭ سىرى

ساقچى ئەمەلدارى جياڭ شەن دېلو بېجىرىش ئۈچۈن پويىزدا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقتى، ئۇنىڭ يان تەرىپىدىكى ئورۇندا بىر يىگىت ئولتۇراتتى.

يىگىتنىڭ يۈك - تاقلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، يېنىدا پەقەت بىر باغلام ئاق مايكا تۇراتتى. جياڭ شەن يىگىتنىڭ بەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يىگىت تىجارەتچىگە ئوخشىمايدىكەن، بۇنچىۋالا كۆپ مايكىنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى - دە، ئۆزىنىڭ ساقچىلىق كىنىشكىسىنى چىقىرىپ يىگىتتىن گەپ سورىدى. يىگىت تىلىنى چايناپ:

— مەن ... مەن ھەرىكەت قىلىشقا ئامراق. شۇڭا، مايكىنى كۆپرەك سېتىۋالدىم، — دېدى.

جياڭ شەن مايكىنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ بېقىپ، مايكىنىڭ ئۆز ۋەزنىدىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ھەمدە مايكىدىكى ئۇششاق، قاتتىق بىر نەرسىنىڭ كۈن نۇرىدا پارقىراۋاتقانلىقىنى سەزدى. جياڭ شەن يىگىتنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ:

— قارىغاندا، تۈرمىدە ياتىدىغان ئوخشايسەن، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

كىچىك دوست، بۇ يىگىتنىڭ نېمە جىنايەت ئۆتكۈز-
گەنلىكىنى بىلەمسىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قاتىل كۇنلۇك

يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتقان بىر كېچىسى A شەھەردە بىر قاتىللىق دېلوسى يۈز بەردى. ئۆلگۈچى باشقىلار تەرىپىدىن كۇنلۇك سانجىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، نەق مەيداندىن قاتىللىق قورالى تېپىلمىدى. ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قاتىل ماشىنا ھەيدەپ B شەھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. A شەھەردىن B شەھەرگە ماشىنىلىق بېرىش ئۈچۈن 15 مىنۇت كېتەتتى، A شەھەرنىڭ ساقچىلىرى قاتىلنى قوغلاپ ماڭغاچ B شەھەردىكى ساقچىلاردىن ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلدى. جىنايەت گۇماندارى B شەھەرگە يېتىپ بارغاندا ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ، ساقچى مەھكىمىسىگە ئېلىپ بېرىلدى.

ساقچى باشلىقى ئۇستۆپشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن جىنايەت گۇماندارىغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئاۋۇ كۇنلۇكنى نېمىگە ئىشلەتتىڭ؟ — دېدى.

— A شەھەردە يامغۇر ياغقاچقا، يامغۇردىن دالدىلىنىشقا ئىشلەتتىم، — دېدى جىنايەت گۇماندارى. ساقچى باشلىقى:

— شۇنداق، A شەھەردە راستتىنلا يامغۇر يېغىۋاتىد-

دۇ، لېكىن سەن كۆڭلۈكنى يامغۇردىن دالدىلىنىشقا ئە-
مەس، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئىشلەتتىڭ، — دېدى. ئارقىدىن-
لا ئۆزىنىڭ گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جىنايەت گۇماندا-
رى گەپ تېپىپ بېرەلمەي، جىنايىتىنى ياۋاشلىق بىلەن
ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ساقچى باشلىقى جىنايەت گۇماندارىنىڭ قاتىل ئىكەن-
لىكىنى قانداق بىلىۋالدى؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاجايىپ ئىت

بىر كۈنى بوبى ئىسىملىك بىر كىشى بىر ئىتنى يېتىلەپ ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ، رازۋېدكىچى لانىرغا:

— رازۋېدكىچى ئەپەندى، سىز ھەركۈنى دېلو پاش قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىسىز، ئاجايىپ ئىت-تىن بىرنى تېپىپ ئۆزىڭىزگە ياردەم-چى قىلىۋېلىشنى خالايدىغان-سىز؟ — دېدى.

لانىر بوبى يېتىلەپ كەلگەن ئىتقا قاراپ قويۇپ:

— بۇ ئىتنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكى باردەك قىلمايدۇ، ئۇنى ئېلىپ نېمە قىلارمەن، يەنىلا ئۆزىڭىز بېقىڭ، — دېدى.

— ئۇنداق دېمەڭ رازۋېدكىچى ئەپەندى، بۇ ئىتنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ئۇنى چوقۇم سېتىۋالىسىز.

— بوبى شۇنداق دېدى-دە، ئىت ھەققىدىكى ھېكايىد-نى سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ ئىتنى تۆمۈريول ئاسرىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن بوۋام بېقىپ چوڭ قىلغان. بىر كۈنى بوۋام بۇ ئىتنى يېتىلەپ تۆمۈر يولنى چارلاپ كېتىۋاتسا، بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ رېلىسنىڭ ئۈستىدە توختاپ قاپتۇ، بوۋام

بار كۆچىنى يىغىپ تاشنى يۆتكۈپتىشكە ئۈرۈنغان بولسىمۇ مىدىرلىتالماپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن بۇياققا قاراپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان پويىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بوۋام قىيالىققا يامىشىپ چىقىپ پويىزغا سىگنال بەرمەكچى بوپتۇ، لېكىن پۇتىنى قايرىۋېلىپ تاغ ئېتىكىدە يىقىلىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بۇ ئىت قاپلاندەك تېز يۈگۈرۈپ ئۆيگە بېرىپ، بوۋامنىڭ قىزىل رەڭلىك ئۇخلاش كىيىمىنى چىشلىگىنىچە كەينىگە يېنىپ قىيالىققا ئېتىلىپ چىقىپتۇ، قىزىل رەڭلىك ئۇخلاش كىيىمى خۇددى خەتەردىن بېشارەت بېرىۋاتقان سىگنال بايرىقىدەك لەپىلدەپتۇ، پويىز توختاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھادىسىنىڭ ئالدى ئېلىنىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان رازۋېدكىچى لانىر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىتىڭىز چېچەنلىكتە چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ، باشقا خېرىدار تېپىۋېلىڭ، — دېدى.

— نېمە؟ رازۋېدكىچى ئەپەندى، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ — دېدى بوبى.

لانىر بوبىغا بۇ ئىتنى نېمە سەۋەبتىن ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بوبى غۇدۇرىغان پېتى كېتىپ قالدى.

رازۋېدكىچى لانىرنىڭ ئۇ ئىتنى نېمىشقا ئالمىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# بالىنىڭ ئۆز ئانىسى كىم

خۇ فامىلىلىك بىر ئايال بىلەن ۋۇ فامىلىلىك يەنە بىر ئايال بەش ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى تالىشىپ كەيفىڭ مەھكىمىسىگە كېلىپ، باۋگوڭدىن دەۋانى ئايرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشتى. خۇ فامىلىلىك ئايال:

— بۇ بالا مېنىڭ، ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنى ئائىلە-مىزنىڭ ئايال چاكىرى ئالداپ ئېلىپ قاچقان، — دېدى ۋە بالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىنىكئانىسىنى، ئۆزىنىڭ تام قوشنىلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ گۇۋاھلىققا تارتتى.

ۋۇ فامىلىلىك ئايال ھېچقانداق ئىسپات كۆرسىتەلمە-دى، پەقەت يىغلاپ تۇرۇپ:

— بالىنى مەن تۇغقان! بالىنى مەن تۇغقان ... — دېگەندىن باشقا گەپ قىلالمىدى.

باۋگوڭ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، يايىلارنى يەر-گە بىر چەمبەر سىزىشقا بۇيرۇپ، بالىنى چەمبەرنىڭ ئوت-تۇرىسىدا تۇرغۇزدى - دە، ئىككى ئايالغا قاراپ:

— سىلەر چەمبەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، بالى-نىڭ قولىنى بىردىن تۇتۇپ تارتىڭلار، قايسىڭلار بالىنى ئۇدا ئۇچ قېتىم چەمبەر سىرتىغا تارتىپ چىقىرالىساڭلار، بالا شۇنىڭ بولىدۇ، — دېدى.

ئىككى ئايال بالىنى تارتىشقا كىرىشتى، ئىككىلىسى بالىنى تارتىپ چەمبەر سىرتىغا چىقىرىۋېلىشنى ئويلايتتى، شۇڭا كۈچەپ تارتىشتى. شۇغىنىسى كەلگۈلۈك بالىغا كەلدى، بالا قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. نەتىجىدە ھەر ئۈچ قېتىمدا خۇ فامىلىلىك ئايال ئۇتۇپ چىقتى.

ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان باۋگۇڭ بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدى.

سىزمۇ بىلدىڭىزمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟



www.uyghurkitap.com

# يامغۇرلۇق كېچىدىكى قاتىللىق

چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ يامغۇر يېغىۋاتقان، كوچىلاردا ئەل ئايىغى جىمىققان بىر كېچىسى شەھەر ئەتراپىدىكى خىلۋەت بىر بىنادا قاتىللىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئۆلتۈرۈلدى. چارلىغۇچى ساقچىلار ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىككى مىنۇت ئىچىدە نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ بىنانى قامال قىلدى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىناغا كىرىشىگە ۋە بىنادىن چىقىشىغا يول قويۇلمىدى.

شۇ ئارىدا 70 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر بوۋاي بىنادىن چىقىپ كەلدى، چارلىغۇچى ساقچى ئۇنىڭغا بۇ جاينىڭ قامال قىلىنغانلىقىنى، كىرىش - چىقىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، بوۋاي: «بايا ماڭا ئىنىمنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى توغرىسىدا تېلېفون كەلدى، بېرىپ ئۇنى يوقلىمىسام بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. چارلىغۇچى ساقچى كۆڭلىدە بۇمۇ ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش، يەنە كېلىپ ئۇ ياشانغان كىشىكەن، قائىدە بويىچە ئېيتقاندىمۇ ئۇنىڭ قاتىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپ، بوۋاينىڭ چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى.

دەل شۇ چاغدا ساقچى باشلىقى كېلىپ ئەھۋالنى سۈ-

رۇشتۇردى، بوۋاينىڭ گۇس-گۇس دەسسەپ بىر دەمدىلا كو-
چا ئېغىزىغا بېرىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ بۇغىشى ئە-
دەمكەن، ئىنىسىگە بەك كۆيۈنىدىكەن، ھازىر بۇنداق كى-
شىلەر بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ» دېدى-دە، بۇرۇ-
لۇپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدىيۇ، بىرنېمىنى سېزىپ قالغان-
دەك شارتتىدە ئۆرۈلۈپ: «ئالدىنىپتۇق، ھېلىقى بوۋاي
قاتىل بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى دەرھال قوغلاڭلار! » دېدى.
ساقچىلار ماشىنىنى غاچ - غۇچ قوزغاپ، بوۋاينى قوغلاپ
ماڭدى. سوراق قىلىش ئارقىلىق ھېلىقى بوۋاي راستىنلا
قاتىل بولۇپ چىقتى.

ئېيتىپ بېقىڭ، ساقچى باشلىقى نېمىگە ئاساسەن ھې-
لىقى بوۋاينى قاتىل دېدى؟



# زېرەك خىزمەتچى

توك ئىدارىسى يورۇتۇش كابىللىرىنى ئالماش-تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، بىرنەچچە ياتاق بىناسىدا كەچ سائەت 8 — 11 گىچە توك توختىتىلغانىدى. ئەمالار مەركىزىنىڭ دىرېكتورى ئاننا كەچ سائەت 9دىن ئاشقاندا ئىشخانىدىن چىقىپ، ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى.

ئەتىسى كىشىلەر ئاننانىڭ جەسىتىنى بايقاشتى، ئاننا خۇرۇم سومكىسىنىڭ بېغىنى سىقىمدىغىنىچە پەلەمپەيدە ياتاتتى، خۇرۇم سومكا تېپىلمىدى. روشەنكى، بۇ ئادەم ئۆلتۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش دېلوسى ئىدى. ساقچىلار كېلىپ نەق مەيداننى تەكشۈردى. بىنا خىزمەتچىسى ئاخشام كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپ، بىر ئەرنىڭ ئاننا بىلەن بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك بىناغا چىققانلىقىنى ئېيتتى. ساقچىلار ئۇ ئەرنى چاقىرىپ كېلىپ سوراق قىلدى. ھېلىقى ئەر:

— شۇ چاغدا مەن ئاننا بىلەن پەلەمپەيدىن تەڭ چىقتىم، قارىسام ئۇ ئەماكەن، تەمتىلەپ مېڭىۋېتىپتىكەن، شۇڭا پەلەمپەيدىن چىققۇچە ئۇنى قولتۇقلىۋالدىم، ئۇنىڭ ئۆيى بار قەۋەتكە كەلگەندە مەن قايتىپ كەتتىم، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى تۈگەپ تۇرۇشىغا بىنا خىزمەتچىسى:

— ئۇ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، ئاننا خېنىمنى مۇشۇ ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

بىنا خىزمەتچىسى ھېلىقى ئەرنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدى؟



www.uyghurkitap.com

# مىراسخور كىم

قورۇق خوجايىنى روبېرت كاتتا مۇلۇكدار ئىدى، ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتىغا: «بارلىق بىساتىم ئىنىمگە قالىدۇ. ئىنىم ئىككىمىز 12 يېشىمىزدا بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلغانىدۇق، 60 يىلدىن بېرى ئالاقىلەشمىدۇق. سىز ئىنىمنى تېپىڭ» دەپ تاپىلىدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ 12 ياش چېغىدا چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتىنى بەردى. ئادۋوكات ئەزەلدىن تارتىپ روبېرتنىڭ ئىنىسى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان بولغاچقا، شەھەرگە كىرىپ گېزىتكە ئادەم ئىزدەش ئېلانى چىقاردى. نەتىجىدە 10 نەچچە بوۋاي كېلىپ ئۆزىنى روبېرتنىڭ ئىنىسى دەپ تونۇشتۇرۇپ، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى.

چارىسىز قالغان ئادۋوكات داڭدار رازۋېدكا باشلىقى مېكنى تەكلىپ قىلدى. مېك بوۋايلار بىلەن سۆزلىشىپ بېقىپ، ئۇلارنى ئۆيۈڭلارغا قايتىپ خەۋەر كۈتۈڭلار دەپ يولغا سالدى-دە، كېچىلەپ قورۇققا بېرىپ، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان روبېرت بىلەن كۆرۈشتى.

مېك قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى بوۋايلارنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا بىر قاراپلا روبېرتنىڭ ئۆز ئىنىسىنى

تونۇۋالدى.

مېك نېمىگە ئاساسلىنىپ روبېرتنىڭ ئەسلىمىنى تونۇۋالدى؟



# قاشتېشى بۇتنىڭ ئوغرىلىنىشى

بىر يىلى يازدا مۇزېي يېڭىلا قېزىۋېلىنغان بىر قاشتې-شى بۇتنى كۆرگەزمە قىلىپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 بولغاندا بىر ئوغرى ساياھەتچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، بوينىغا فوتو ئاپپا-راتىنىڭ قېپىنى ئېسىپ، كۈنلۈكنى تۈتقىنىچە كىشىلەر توپىغا قېتىلىپ مۇزېيغا كىردى، ئاندىن ھېچكىم دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆرگەزمە زالىنىڭ پەر-دىسى ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. سائەت 5 تىن ئاشقاندا ئىككى قوغداش خادىمى زالنى تەكشۈرۈپ بىرمۇ ئادەم قال-مىغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرۋازىنى تاقاپ كېتىپ قېلىشتى.

ھېلىقى ئوغرى پەردە ئارقىسىدىن ئاستاغىنا چىقىپ، كۈنلۈكنىڭ سېپى ئىچىدىن ئالاھىدە ئىشلەنگەن قاتلىما پولات شوتىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، شوتىدىن يامىشىپ كۆر-گەزمە سۇپىسىغا چىقتى - دە، فوتو ئاپپاراتىنىڭ قېپىدىكى ساختا بۇتنى قاشتېشى بۇت بىلەن ئالماشتۇرۇۋېلىپ، يەنە پەردە كەينىگە مۆكۈۋالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بىرمۇنچە ساياھەتچى شارقىراپ يې-غىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي، قاشتېشى بۇتنى كۆرگىلى

www.uyghurkitap.com

كەلدى. بۇ چاغدا ئوغرى پەردە ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چىـ
قىپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى، بوسۇغىدا توختاپ كۈنلۈكنى
ئېچىپ تۇرۇشىغا، قاشتېشى بۇتنى كۆرگىلى كەلگەن ساق-
چى باشلىقى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ساقچى باشلىقى
ئوغرىنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ قويۇپ بىردىنلا يۇقىرى
ئاۋازدا: «ئاخشام زالغا كىرىۋېلىپ نېمە ئىش قىلدىڭ؟»
دەپ سورىدى.

ئوغرى دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرەلمىدى، گەپنى ئاڭلاپ
تۇرغان قوغداش خادىملىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئوغرىنىڭ
بويىندىكى فوتو ئاپپاراتىنىڭ قېپىدىن قاشتېشى بۇتنى تاپ-
تى، بىراق ساقچى باشلىقىنىڭ ئوغرىنى قانداق تونۇۋالغان-
لىقىنى چۈشىنەلمىدى.

كىچىك دوست، سىز چۈشەندىڭىزمۇ؟

تېپىپ بېقىڭ

3. ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق بىر نەرسە بار، ئۇنى سىزگە
قارىغاندا باشقىلار كۆپ ئىشلىتىدۇ، ئۇ نېمە؟

4. دىئامېتىرى 1 مېتىر كېلىدىغان بىر چەمبىرەكنىڭ
ئىچىگە كىرىپ، چەمبىرەكتىن چىقماي تۇرۇپ 3 مېتىر
يىراقلىقتىكى رەسىملىك كىتابنى ئالالامسىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# جاۋاب

## ئەپچىل چارە

H دۆلىتىنىڭ جاسۇسى فوتو ئاپپاراتىنىڭ چاقماق چى-رىغىنى قوغداش خادىمىنىڭ كۆزىگە يورۇتقان. شۇنىڭ بىلەن قوغداش خادىمىنىڭ كۆزى چاقىيىپ كېتىپ، دەمال-لىققا بىر نەرسىنى ئىلغا قىلالمىغان. جاسۇس شۇ ئارىلىقتا قېچىپ چىقىپ ئوق تېگىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان.

## تونېلدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈش

ئوغرى خېيسەن چاقنىڭ يېلىنى ئازراق چىقىرىۋې-تىپ، ئاپتوموبىلنىڭ ئېگىزلىكىنى پەسلەتكەن.

## بېلىق يالغان سۆزلىمەيدۇ

زىمىستان قىش كۈنلىرى توك بىر كېچە توختاپ قالسا، ئىسسىتقۇچ سۇنى ئىسسىتالمايدۇ-دە، ئىسسىق بېل-ۋاغ بېلىقلىرى توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدۇ. دېمەك، ئاننا يال-غان ئېيتقان.

## كىيىم مودېلى بولۇۋالغان قاچقۇن جىنايەتچى

ساقچى باشلىقى كۆڭلىدە جىنايەتچى جان - جەھلى بىلەن يۈگۈردى، چوقۇم ھاسىراپ قارا تەرگە چۆمدى دەپ

ئويلاپ: «تەرلەپ كەتكەن كىيىم مودېلى جىنايەتچىنىڭ ئۆزى شۇ!» دەپ توۋلىغان. جىنايەتچى ھودۇقۇپ كې-تىپ، تەرنى سۈرتىمەن دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغان.

## گۇمانلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېلوسى

ئۆلگۈچى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا، ئۇنىڭ تاپان-چىنى تۇتقان قولى چوقۇم يۇڭ ئەديالنىڭ سىرتىدا بولۇ-شى كېرەك ئىدى، ئەمما يۇڭ ئەديالنىڭ ئىچىدە تۇرغان. بۇنىڭدىن بىلىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، باشقىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈ-ۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇڭ ئەديال يېپىپ قويۇپ ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلغان.

## قەلئەگە پەم بىلەن كىرىش

ئىشىك باقار سىرتنى بىر قۇر چارلاپ قەلئەگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا، جېمىس غىپپىدە قەلئە دەرۋازىسىدىن كىرى-ۋالغان، ئىشىك باقار سىرتنى چارلاش ئۈچۈن قەلئەدىن چىقىۋاتقاندا، جېمىس شاققىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ سىرتقا قاراپ ماڭغان. بۇ چاغدا ئىشىك باقار جېمىسنى قەلئەدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، قەلئەگە كىرگۈزۈۋەتكەن.

## ماي بوياق رەسىمنىڭ بۇلاپ كېتىلىشى

چاكار: «مەن ماي بوياق رەسىمنىڭ رامكا ئەينىكىدىن بۇلاڭچىلارنىڭ چىرايىنى كۆردۈم» دەپ چاندۇرۇپ قوي-غان. چۈنكى، ماي بوياق رەسىمنىڭ رامكىسىغا ئەزەلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئەينەك سىلىنمايدۇ.

## ئوت ئاپىتىنىڭ سىرى

بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئۆيدە جەسەتنى بايقالمىغان، گاز ئوچىقى ئوچۇق تۇرغان، بۇ ئەھۋال بىرەيلەننىڭ ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆيگە گاز قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۆلگۈچى ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسقاندا، ئېلېكتر ئېقىمىدىن ھاسىل بولغان ئۇچقۇن ئۆيدىكى گاز بىلەن ئۇچرىشىپ پارتلاش يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوت ئاپىتى كېلىپ چىققان.

## ئېرىپ كەتكەن شاكىلات

شاكىلاتنىڭ ئېرىپ كەتكەنلىكى جەسەتنىڭ قىزىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. جورجى ئۆلۈۋالغان قىلىپ ئېسىپ قويۇلغان. ئۇنىڭ بەدىنىنى قىزىتىش ئۇچۇن ئالاھىدە ئەسۋاب بولۇشى كېرەك. مارتىن ئەپەندى توك ئەدىيالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن. دىگەندەك، ئىشكاپتىن تېخى سوۋۇپ كەتمىگەن توك ئەدىيالىنى تاپقان. گىس ئۇستۇنكى قەۋەتكە جورجىنىڭ جەسىتىگە يۆگەپ قويۇلغان توك ئەدىيالىنى ئېلىۋېتىش ئۇچۇن چىققان.

## ئۇستىلىق بىلەن سۇنۇپ بېرىش



ئۇلار ھۆججەتنى پۇتى ئارقىلىق سۇنۇشقان (رەسىمگە قاراڭ).

## رەڭدىن چاندۇرۇپ قويۇش

فاگزىنىڭ ئەر دوستى قاتىلنىڭ دەل ئۆزى. چۈنكى، تۇرۇبا ئىشچىسى رەڭ قارىغۇسى بولغاچقا، قىزىل پەلەي بىلەن يېشىل پەلەينى ئايرىيالمايدۇ. قاتىل پەلەينىڭ ئورنىنى غەرەزلىك ئالماشتۇرۇۋېتىپ، ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋەتمەكچى بولغان، نەتىجىدە ئۈستىلىق قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويغان.

## يوقالغان ئاخبارات

مېك ھېلىقى ماتېرىيالنى ئالاقە كەپتىرى ئارقىلىق A دۆلەتكە ئەۋەتتۈەتكەن. بۇ يەردە مېكنىڭ كەپتەر ساتقۇچى بولۇۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭدا چوقۇم ئالاقە كەپتىرى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

## نامسىز ئوغرى

ئالماسنى مايمۇن ئوغرىلىغان. چۈنكى، مايمۇن بارماق ئىزى بار بىردىنبىر ھايۋان ھېسابلىنىدۇ.

## تۇياق ئىزىغا قاراپ دېلوغا ھۆكۈم قىلىش

يەردىكى تۇياق ئىزلىرى ئاچا تۇياقلىق ئوتخور ھايۋان قالدۇرغان ئىز. ئادەمگە ھۇجۇم قىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىزى تۆت بارماقلىق بولىدۇ.

## ئەجەبلىنەرلىك پارتلاش دېلوسى

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقار-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

غان. چۈنكى، توك توختىغان بولسىمۇ تېلېفوننى ئىشلەت-كىلى بولىدۇ. شۇڭا، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىدىن پەيدا بولغان ئېلېكتر ئۇچقۇنى ئۆيدىكى كۆمۈر گازى بىلەن ئۇچرىشىپ پارتلاش يۈز بەرگەن.

## پروفېسسورنىڭ ئۆلۈمى

ھەم يىراقنى كۆرۈش كۆزەينىكى، ھەم قىرىلىق كۆ-زەينىكى ئىشلىتىدىغان ئادەم كىتاب ئوقۇغاندا ياكى خەت يازغاندا قىرىلىق كۆزەينىكىنى تاقايدۇ، بولمىسا خەتنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ. خۇاڭ پروفېسسور ئۆلگەن چاغدا يى-راقنى كۆرۈش كۆزەينىكىنى تاقىغان پېتى يېزىق ئۈستى-لىگە يىقىلىپ قالغان، قىرىلىق كۆزەينىكىنى بولسا يېزىق ئۈستىلىگە قويۇپ قويغان، بۇنداق ئەھۋالدا ماقالە يېزىش مۇمكىن ئەمەس.

## ئاسماندىكى ئوغرى

ئاسماندىكى ئوغرىنى قولۇپ ئېچىش مۇتەخەسسىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ تۇتام - تۇتام كېرەكسىز قەغەزلەرنى ئېلىپ، توشۇلىدىغان چوڭ يۈك ساندۇقىغا كىرىۋالغان. ئايروپىلان ئۇچقاندىن كېيىن يۈك ساندۇقىدىن ئاۋايلاپ چىقىپ، پولات ئىشكاپنىڭ قولۇپىنى ئاچقان، پۇلنى ئوغ-رىلاپ بولۇپ، كېرەكسىز قەغەزلەرنى پۇل ساندۇقىغا سې-لىپ قويغان، ئاندىن پۇلنى ئېلىپ يوغان يۈك ساندۇقىغا يەنە كىرىۋالغان. ئايروپىلان قونغاندىن كېيىن، ئوغرىنىڭ شېرىكلىرى ھېلىقى يوغان يۈك ساندۇقنى ئېلىپ كەت-

كەن، شۇنىڭ بىلەن ئوغرىلار مەقسىتىگە يەتكەن. بىراق، بۇ قېتىم تەجرىبىلىك رازۋېدكىچى مېك ئەپەندىنىڭ قولىدا پاش بولۇپ قېلىپ، قانۇن تورىغا چۈشكەن.

## تۇتۇپ كەتكۈچى كىم

تۇتۇپ كەتكۈچى H كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرگە خەت - خالتىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان پوچتىكەش.

## رەسىمگە قاراپ جاسۇس تۇتۇش

چېرتيوژنى A رەسىمدىكى جاسۇس ئوغرىلاپ كەتكەن. چۈنكى، A رەسىمدە بەش تال يوپۇرماق، B رەسىمدە تۆت تال يوپۇرماق بار. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، A رەسىمدىكى جاسۇس ئاۋۋال كەلگەن بولۇپ، دەرەخ شېخىغا تېگىپ كېتىپ بىر تال يوپۇرماقنى چۈشۈرۈۋەتكەن، شۇڭا B رەسىمدە بىر تال يوپۇرماق كەم بولۇپ قالغان.

## دېرىزىنىڭ سىرتقى ئەينىكىدىكى قېلىن مۇز

ھاۋا ھەرقانچە سوغۇق بولسىمۇ، دېرىزىنىڭ سىرتقى ئەينىكىدە قېلىن مۇز تۇتمايدۇ، كۆپ بولغاندا بىر قەۋەت قىرو باغلايدۇ. دېمەك، كۇل يالغان سۆزلىگەن.

## ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئۆلۈمى

ئىككى پاكىتنىڭ بىرى، ساقچى ئەمەلدارى خۇاڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ تاپانچىسىدا ئۆزىنى ئېتىۋالغان بولسا،

تاپانچىنىڭ تەپكىسىدىن باشقا جايلىرىدىمۇ بارماق ئىزى قالىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىنىشقا بولىدۇكى، قاتىل ئۆزىنىڭ تاپانچىدىكى بارماق ئىزىنى سۈرتىۋەتكەن؛ يەنە بىرى، ئۇ خۇاڭ ئەپەندىنىڭ سول چېكىسىگە تەگكەن، تاپانچىنى ئوڭ قولىدا تۇتقان ئادەم ئۆزىنىڭ سول چېكىسىگە ئاتالمايدۇ.

## 5000 يارماق كىمنىڭ

ئەما كېچىدە گەزمالچى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گەزمالچىنىڭ خالتىسىدىكى 5000 يارماقنى تاڭ يورۇغاندا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئوڭ تەرىپىنى ئوڭ تەرىپىگە، تەتۈر تەرىپىنى تەتۈر تەرىپىگە قارىتىپ باشقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئۆز جايىغا قويۇپ قويغان. بىراق، ئەما ئۆزىنىڭ ئىككى ئالقىنىغا يارماقلاردىكى مىس دېتى يۇقۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي، چاندۇرۇپ قويغان.

## زەھەرلىك كوكاكولا

ئەگەر كوكاكولا توڭلاتقۇدىن ئېلىنغان بولسا، ئىسسىق ھاۋاغا يولۇققان ھامان كوكاكولانىڭ قۇتىسىدا سۇ تامچىلىرى پەيدا بولۇپ، ۋەسىيەتنامىدىكى خەتلەرنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ، سىياھ ئىزلىرى يامراپ كېتىدۇ. ساقچى ئەمەلدارى ۋەسىيەتنامىدىكى خەتلەرنىڭ ناھايىتى ئېنىق تۇرغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالغان.

## بارماق ئىزى يوق ئوغرى

دۇنيادا بارماق ئىزى يوق ئادەملەر ناھايىتى ئاز. «ئاق ئەتىرگۈل» نىڭ ئەلۋەتتە بارماق ئىزى بار، ئۇ بارماق ئىزىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرەپ، بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغا رەڭسىز ھەم سۈزۈك تىرناق بويىقى سۈركىۋالغان. شۇنداق بولغاندا، ئۇ تۇتقانلىكى نەرسىدە ئۇنىڭ بارماق ئىزى قالمايدۇ.

## ئايروپىلاندىكى قاتىل

قاتىل ھىلىقى ئايال شۇ. ئۇ يىڭنىگە ئۆتكۈر زەھەرنى سۈركەپ، گازلىق سۇ ئىچىش نەيچىسىدىن پايدىلىنىپ زەھەرلىك يىڭنىنى ئۆلگۈچىنىڭ بېشىغا پۈۋلىگەن، يىڭنە ئۆلگۈچىنىڭ باش تېرىسىگە سانجىلغاندىن كېيىن، يىڭنىدىكى يىپ ئارقىلىق يىڭنىنى تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئىز قالدۇرمايلا ئۆلگۈچىنى زەھەرلىگەن.

## غەلىتە تاسادىپىيلىق

ۋېلىسىپىت مىنىپ دۆڭدىن تېز سۈرئەتتە چۈشۈۋاتقان كىشى قورام تاشقا ئۇرۇلغاندا ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىغا يىقىلىدۇ، ئەمما رەسىمدىكى ئۆلگۈچى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە يىقىلغان. بۇنىڭدىن جىمىنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش سىگنالى — SOS

كالوش: «ئۇ چاغدا شامال توختىغان، دېڭىز يۈزى

تىپتىنچ ئىدى» دېگەن. بۇنداق شارائىتتا كېمىنىڭ پايراق خادىسىغا ئېسىپ قويۇلغان ئاق داستىخان ئېچىلىپ يېيىل-دىمەيدۇ، شۇڭا داستىخانغا يېزىلغان قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش سىگنالى — SOS نى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ. دې-مەك، كالوش يالغان سۆزلىگەن.

## ئاق مايكىنىڭ سىرى

يىگىت زەھەرلىك چېكىملىك توشۇغان. ئۇ زەھەرلىك چېكىملىكنى سۇدا ئېرىتىپ، ئاق مايكىلارنى ئاشۇ سۇغا چىلىغان، مايكىلار قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن زەھەرلىك چې-كىملىك مايكىلارغا يېپىشىپ قېتىپ قالغان.

## قاتىل كۇنلۇك

A شەھەردىن ماشىنا ھەيدەپ يولغا چىقىپ B شەھەرگە بېرىش ئۈچۈن 15 مىنۇتلا ۋاقىت كېتىدىغان بولغاچقا، جىنايەت گۇماندارى كۇنلۇكنى راستىتىنلا يامغۇردىن دالدى-لىنىشقا ئىشلەتكەن بولسا، كۇنلۇك ھۆل بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئۇستۈېشى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن، كۇنلۇك قۇرۇق تۇرغان. شۇڭا، ساقچى باشلىقى جىنايەت گۇماندارىنىڭ قاتىل ئى-كەنلىكىنى بىلىۋالغان.

## ئاجايىپ ئىت

ئىتلارنىڭ ھەممىسى رەڭ قارىغۇسى كېلىدۇ، شۇڭا قىزىل سىگنال بايرىقى بىلەن قىزىل ئۇخلاش كىيىمىنىڭ

رەڭگىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ.

## بالىنىڭ ئۆز ئانىسى كىم

ۋۇ فامىلىلىك ئايال بالىنىڭ ئۆز ئانىسى. چۈنكى، دۇنيادا ئۆز بالىسىغا كۆيمەيدىغان ئانا يوق. ۋۇ فامىلىلىك ئايال بالىسىنىڭ ئازابلىنىشىغا چىداپ تۇرالماي، ئۇچىلى قېتىم قولىنى قويۇۋەتكەن.

## يامغۇرلۇق كېچىدىكى قاتىللىق

ساقچى باشلىقى 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بوۋاي-نىڭ شاپاشلاپ مېڭىپ، هايت - هۇيت دېگۈچە كوچا ئېغى-زىغا بېرىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سىياقىدىن گۇ-مانلىنىپ قالغان.

## زېرەك خىزمەتچى

بىنا خىزمەتچىسى ئاناىنىڭ ئەما ئىكەنلىكىنى، ئەزەل-دىن لىفتقا چىقماي پەلەمپەيدىن ماڭىدىغانلىقىنى، بىناغا چىققاندا ۋە بىنادىن چۈشكەندە تەمتىلىمەستىن بىمالال هە-رىكەت قىلالايدىغانلىقىنى، توكنىڭ توختاپ قېلىشى ئۇنىڭ-غا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەكسىچە، هېلىقى ئەر هەركۈنى لىفتقا چىقىپ كۆنۈپ قالغاچقا، توك-نىڭ ئۇشتۇمتۇت توختاپ قېلىشى ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## مىراسخور كىم

روبېرت ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىدىن ئايرىلغاندا ئىككىلىسى 12 ياشقا كىرگەن، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قوش-

كىزەك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قوشكىزەكلەر قېرىغاندىمۇ بىر - بىرىگە بەك ئوخشىشىدۇ، مىڭ قورۇقلا بېرىپ روبىرتنىڭ يېقىندا چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتىنى ئېلىپ كەلگەن.

## قاشتېشى بۇتنىڭ ئوغرىلىنىشى

ساقچى باشلىقى ئوغرىنىڭ قولىدىكى كۆنلۈكنىڭ قۇرۇق تۇرغانلىقىنى، ئايىغىنىڭمۇ ھۆل بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شۇ كۈنى ئەتىگەندە كەلگەن ساياھەتچى ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغان.

### تېپىپ بېقىڭغا جاۋاب

1. ئۈچ مىنۇت.
2. ئۇخلىدىڭىزمۇ؟
3. سىزنىڭ ئىسمىڭىز.
4. ئالغىلى بولىدۇ، چەمبىرەكنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ئالسىڭىز بولىدۇ.

[General Information]
书名=同思考破疑案　维吾尔文
SS号=40219934